بىزنىڭ بايرىمىمىز . چاغانىنى خۇشال كۈتۈۋېلىش

# مەدەنىيەتنى ھەممە ئائىلىگە كىرگۈزۈش بەخت يىلىدىن خۇشال بەھرىمەن بولۇش

چۈنلىيەن سوۋغا قىلىش، بەخت خېتى سوۋغا قىلىش، پانۇس ئۇسسۇلى، ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى، تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى... 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار «بىزنىڭ جۇڭگو ئارزۇيىمىز — مەدەنىيەتنى ھەممە ئائىلىگە كىرگۈزۈش» «چاغانلىق ‹بەخت› خېتى سوۋغا قىلىش، چۈنلىيەن سوۋغا قىلىش» «يېڭى دەۋردە يېزا ـ كەنتلەردىكى ئوقۇش پەسلى» قاتارلىق شەكلى كۆپ خىل، مەزمۇنى مول بولغان مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە بويىچە ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا شادلىققا ۋە چاغان پۇرىقىغا تولغان مەدەنىيەت «كاتتا سوۋغىتى»نى يەتكۈزدى.

ھال سوراش ئويۇنى قويۇش، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش، ھۆسنخەت، رەسىم ئىئانە قىلىش، چاغانلىق چۈنلىيەن يېزىش، «بەخت» خېتى سوۋغا قىلىش... چاغاننىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئالتاي شەھىرىدىكى ھەربىر مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەترىتى ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ، ھەربىر «مەدەنىيەت چاغانلىقى»نى ھەر مىللەت ئاممىغا يەتكۈزۈپ، خۇشال ـ خۇرام، ئىناق بايرام كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردى.

ئالتاي شەھىرى خۇڭدۆك بازىرى كۆكبۇقا كەنتىنىڭ كەنت كومىتېتى قورۇسىدا، دومبىرا چېلىپ، ناخشا ئېيتىش، كۆەيەن ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، گارمون چېلىش قاتارلىق نومۇرلار بەس ـ بەستە ئوينىلىپ، يېزىلاردىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بايان قىلىندى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بەختلىك، ئىناق تۇرمۇشى كۈيلەندى؛ ئالتاي شەھەرلىك گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، جىنشەن خەتتاتلىق ـ رەسساملىق يۇرتىدىكى بەش سەنئەتكار قەلەم تەۋرىتىپ، جانلىق ھەم كۈچلۈك بولغان چۈنلىيەنلەرنى يېزىپ، بايرام قۇتلۇقلانغان «بەخت» خېتىنى ھەر مىللەت ئاممىغا سوۋغا قىلدى. «بۈگۈنكى نومۇرلار بەك قالتىس بولدى، سەنئەتكارلار ئۆز قولى بىلەن چۈنلىيەن يېزىپ بىزگە سوۋغا قىلدى، بەك خۇشال بولدۇق، بىز بۇنىڭدىن قويۇق چاغان پۇرىقىنى ھېس قىلدۇق!» دېدى كەنت ئاھالىسى باغدار ناسىر خۇشال ھالدا.

لېكسىيە يەتكۈزۈش، تەربىيەلەش يەتكۈزۈش، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، ئوقۇشتىن بەھرىلىنىش يېغىلىشى، دائىم كىتاب ئوقۇش... قىش كىرگەندىن بۇيان، باي ناھىيەلىك كۇتۇپخانا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ياقائېرىق بازىرى، قىزىل يېزىسى، مىچىغ يېزىسى قاتارلىق جايلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، «يېڭى دەۋردە يېزا ـ كەنتلەردىكى ئوقۇش پەسلى — مەدەنىيەتنى ھەممە ئائىلىگە كىرگۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. مىچىغ يېزىسى شىرىلتاي كەنتىدە، باي ناھىيەلىك كۇتۇپخانا ئاممىغا جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت رەسىملىرى، گېزىت ۋە پاختىلىق كىيىم قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، ھېسسىيات جەھەتتىن ئىللىقلىق يەتكۈزۈپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، كۆپچىلىكنى ئەلا سۈپەتلىك مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلىدى.

1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانا «بىزنىڭ جۇڭگو ئارزۇيىمىز» — 2020 ـ يىللىق مەدەنىيەتنى ھەممە ئائىلىگە كىرگۈزۈش «رەسىملىك كىتاب ئوقۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 30 غا يېقىن ئائىلە نەق مەيدانغا كېلىپ قاتناشتى. «مۇئەللىم ۋەقەلىككە ئاساسەن ئويۇن تەسىس قىلسا، باللارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ.» ئائىلە باشلىقى زۇلپىيە ساۋۇر مۇنداق دېدى: مۇشۇنداق پائالىيەتلەر ئارقىلىق باللارنىڭ كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇشىنى، كىتاب ئوقۇش ياخشى ئادىتى يېتىلدۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، خەتتاتلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۈرۈمچى ناھىيەسى شۈيشىگوۋ بازىرى شېنلەي كىچىك بازىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىدىكى مەدەنىيەت ساياھىتى پىيادىلەر كوچىسى شۇ جايدىكى ئامما بىلەن لىق تولدى، كۆپچىلىك شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدىكى 14 نەپەر خەتتاتنى چۈنلىيەن، بەخت خېتى يېزىپ بېرىشكە بەس ـ بەستە تەكلىپ قىلدى.

ئىگىلىنىشچە، شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى 5 مىليون چۈنلىيەن بېسىپ، جەنۇبىي ـ شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاممىغا سوۋغا قىلغان. «چاغان يېتىپ كېلىش پەيتىدە، بىز ھەر مىللەت ئاممىغا بەخت تىلەيمىز، تېخىمۇ مۇھىمى، تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق پارتىيەنىڭ ساداسى ۋە غەمخورلۇقىنى پۇقرالارنىڭ قەلبىگە يەتكۈزىمىز» دېدى جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى لى فاڭ.

**(پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز تيەن يەنخۇڭ، ئايشۋاق تۇرسۇن، ياڭ مېڭياۋ يازغان)**

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

قەشقەر ۋىلايىتى:

# ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىدى

**□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز لىن ۋەنلى**

2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى قائىدە ـ تۈزۈم ئورنىتىش، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللارنى ۋاقتىدا تۈزۈم ـ مېخانىزم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، كۈندىلىك تۇرمۇشقا سىڭدۈرۈپ، دائىم تۇتۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش تۈزۈمىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

«ھازىر تۈزىتىش»نى «ئۇزاققىچە تۇرغۇزۇش» بىلەن بىرلەشتۈردى، قەشقەر ۋىلايىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ‹قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش› ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈنۈمىنى باھالاش تۈزۈمى» «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھەسى» قاتارلىقلارنى تۈزۈپ تارقاتتى، مەمۇرىيەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىنى يۈرۈشتۈرۈشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدىكى مەسئۇلىيەت تەقسىماتى، باھالاش ـ تەكشۈرۈش، ئىنكاس ئەرزىنى بىر تەرەپ قىلىش، رىغبەتلەندۈرۈش، مۇكاپاتلاش ـ جازالاش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشكە قارىتا بەلگىلىمە چىقىرىپ، مەمۇرىيەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق «دەرھال بېجىرىش، توردا بېجىرىش، يېقىن ئەتراپتا بېجىرىش، بىر قېتىمدىلا بېجىرىش» بويىچە خەلققە مۇلازىمەت قىلىش، قولايلىق يارىتىش تەدبىرلىرىنى ئالغا سىلجىتتى. نۆۋەتتە، نوپۇستىن ئۆچۈرۈش، ناھىيە، شەھەرگە نوپۇسنى يۆتكەپ كېلىش، يۆتكەپ چىقىرىش قاتارلىق پۇقرالارغا زىچ مۇناسىۋەتلىك 21 تۈرلۈك نوپۇس كەسپىنىڭ ھەممىسىنى توردا ئالدىن كېلىشىپ بېجىرگىلى بولىدىغان بولدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى يەنە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەمۇرىيەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىنى كونكرېت مەسئۇل كىشىلەرگىچە ئىنچىكىلەشتۈردى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئامانلىق ساقلاش تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى جۇ فاڭ مۇنداق دېدى: «باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى خۇلاسىلەش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بىز ‹ئالاقە تورى+نوپۇس مەمۇرىيىتى› ۋە ‹مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ، خەلققە قولايلىق يارىتىش› خىزمەت تەدبىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ۋاقىتلىق ئاھالىلەر كىملىكىنى بېجىرىش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، ھەرىكەت قىلىشى قولايسىز، ئولتۇراقلىشىشى تارقاق بولۇش قاتارلىق ئەمەلىي قىيىنچىلىقى بار ئاھالىلەرگە قارىتا، ‹ئائىلىسىگە بېرىپ سۈرەتكە تارتىش، كىملىكنى ئائىلىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىش، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش› قاتارلىق قوبۇل قىلىش مۇلازىمەتلىرىنى يولغا قويۇپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ‹ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر›نى راۋانلاشتۇردۇق».

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، مارالبېشى ناھىيەسى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، 18 ساھە، تارماق ۋە 12 يېزا ـ بازارنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ھەمكارلىشىش، ماسلىشىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش مېخانىزمى، تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەش مېخانىزمى، تەربىيەلەش، يېتىشتۈرۈش مېخانىزمى، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بويىچە ئىز قوغلاش تۈزۈمى قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك تۈزۈمنى ئورناتتى، تاكامۇللاشتۇردى. ھازىرغا قەدەر، 65 مىڭ ئادەم قېتىم ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، نامرات ئائىلىلەردە بىر ئائىلىدە بىر ئادەم، كۆپ ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردى.

مارالبېشى ناھىيەسى سېرىقبۇيا بازىرى يېڭى مەھەللە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئايشەمگۈل تۇراق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارمىقىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن شۇ جايدىكى بىر توقۇمىچىلىق شىركىتىگە بېرىپ تەربىيەلەنگەندىن كېيىن، كارخانىدا ئىشقا ئورۇنلاشتى. ئايشەمگۈل مۇنداق دېدى: «ئىشقا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن مۇقىم كىرىمىم بار بولدى، مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىلارنى ئۆگەندىم، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم، ھازىر تۇرمۇشۇمدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى».

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

ئاقسۇ شەھەرلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى ئايشەمگۈل يولۋاس:

# مەن قايتىدىن ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچ ۋە گۈزەللىكنى تاپتىم

ئاغزاكى بايان خاتىرىسى

مېنىڭ ئىسمىم ئايشەمگۈل يولۋاس، ئۆيۈم ئاقسۇ شەھىرىدە. ئاقسۇ شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەھەللە كادىرلىرىنىڭ ياردىمىدە، مەن بىر كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى ئېچىپ، قوشۇمچە ھۆسن تۈزەش، تىرناق ياساش كەسپى بىلەن شۇغۇللاندىم، تىجارىتىم ناھايىتى ياخشى، ئايلىق ساپ كىرىمىم 5000 يۈەندىن ئاشتى.

لېكىن بۇرۇنقى مەن ھازىرقى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتىم، ئۇ چاغدا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى مېنى چىرمىۋالغانىدى، مەن بىكىنمە ھالەتتە بولۇپ، مۇتەئەسسىپ بولۇپ قالغاندىم، يەنە ھەممىلا يەردە دىنىي ئەسەبىيلەرنىڭ ئاتالمىش «دىنىي قائىدە»لىرى بىلەن باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلاشقاندىم. مەندە بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق زور ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەنلىكىمدىن بولدى، دەل مۇشۇ مەكتەپتە، كالامدىكى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىتىپ، قايتىدىن ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچ ۋە گۈزەللىكنى تاپتىم.

توي قىلغاندىن كېيىن، ئېرىم باشقىلار بىلەن دۇكان ئېچىپ خىمىيەۋى ئوغۇت ساتتى، مەن ئۆيدە بالامغا قارىدىم، تۇرمۇشىمىز ناھايىتى بەختلىك ئۆتكەنىدى. كېيىن، قاچاندىن باشلاندىكىن، ئەتراپىمدىكى بەزى ئاياللار نىقابلىق كىيىم كىيدى، كەيپىياتمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەردى. مەن دوستلىرىمنى سىرتقا چىقىپ بىرلىكتە ئويناشقا تەكلىپ قىلسام، ئۇلار مېنى ئەيىبلەشكە باشلىدى، مېنى نىقابلىق كىيىم كىيمىدىڭ، «ھەقىقىي مۇسۇلمان» ئەمەس ئىكەنسەن دېيىشتى، يەنە ماڭا نۇرغۇن ئاتالمىش «ھەقىقىي مۇسۇلمان» قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

ئۆزۈمنى ئاتالمىش «ھەقىقىي مۇسۇلمان» قىلىش ئۈچۈن، مەن توردىن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلىدىغان نۇرغۇن ئۈن ـ سىنلارنى چۈشۈردۈم، يەنە باشقىلارنىڭ كۆرۈشىگە يوللاپ بەردىم ھەم ئاتالمىش «دىنىي قائىدە»لەر بىلەن ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشىغا چەك قويدۇم: ئېرىم تاماكا چېكىپ، ھاراق ئىچسە، مەن ئۇنى «ھەقىقىي مۇسۇلمان» ئەمەس دەپ، كۈندە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتۇم؛ ئۇ مېنى دوستلىرىنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كەل دېسە، مەن بارمىدىم، مەن ئاياللار ئۆيدە ئولتۇرۇشى كېرەك، سىرتقا چىقىپ خىزمەت قىلسا بولمايدۇ، خالىغانچە باشقىلارغا چىرايىنى كۆرسەتسە تېخىمۇ بولمايدۇ، دەپ قارىدىم. بۇلا ئەمەس، مەن يەنە ئانام ئەتىكەن تاماقنى يېمىدىم، چۈنكى ئانام دائىم مودا كىيىملەرنى كىيىپ، چىرايلىق گىرىم قىلىپ يۈرەتتى. مەن ئۇنىڭغا «ھەقىقىي مۇسۇلمان»نىڭ نىقابلىق كىيىم كىيىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتىم.

ئۇ چاغدا مەن ئەقلىمدىن ئېزىپ، كۈندە ئۆزۈمنى ناھايىتى چىڭ ئوراپ، خۇددى بىر قاپقا قاچىلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. سىرتقا چىققاندا چىرايلىق ياسىنىۋالغان ئاياللارنى كۆرسەم، ئىچىمدە ئۇلارنى «ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم دوزاخقا كىرىسەن» دەپ قارغايتتىم. ھەر قېتىم ئېرىم ھاراق ئىچىپ قايتىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا تاماق ئېتىپ بەرمەيتتىم، بالامغىمۇ قارىمايتتىم. كېيىن، ئېرىم پەقەت چىدىيالماي، مەن بىلەن ئاجرىشىپ كەتتى.

مەھەللە كادىرلىرى مېنىڭ ئەھۋالىمنى بايقىغاندىن كېيىن، ماڭا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئېپادىلىرى ۋە خەۋپىنى سۆزلەپ بەردى ھەم مېنى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلدى.

مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە نۇرغۇن قائىدىلەرنى ئۆگەندىم، ئۆزۈمنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن زەھەرلەنگەنلىكتىن بىنورمال بولۇپ قالغانلىقىمنى، بەختلىك تۇرمۇشۇمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى چۈشەندىم؛ گۈزەللىكنى سۆيۈش ئاياللارنىڭ تەبىئىتى، لېكىن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى ئاياللارنىڭ گىرىم قىلىشىغا يول قويماي، ئاياللارنىڭ گۈزەللىكنى سۆيىدىغان تەبىئىتىنى چەكلەپ قويىدى، شۇنداقلا مېنىڭ دۇنيا قارىشىم، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىم، قىممەت قارىشىمنى بۇرمىلىدى؛ قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، نۇرغۇن قىلمىشلىرىمنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتتىم. ئەگەر تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كەلمىگەن بولسام، مەن خاتا يولغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ كېتىپ، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ئائىلەمدىكىلەرگە ئوخشاش مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالدى، ماڭا كۆڭۈل بۆلدى، ماڭا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇردى. بىر قېتىم مەن ئاغرىپ قالغاندا ئوقۇتقۇچىلار دەرھال مېنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى ھەم يېنىمدا تۇرۇپ: «ئايشەمگۈل، ئەنسىرىمەڭ، ئوقۇتقۇچىلار سىزگە ھەمراھ بولىدۇ» دەپ ماڭا توختىماي تەسەللى بەردى. شۇ كۈنى كەچتە، بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى نۆۋەتلىشىپ دوختۇرخانىدا ھالىمدىن خەۋەر ئالدى، مەن ناھايىتى خاتىرجەم، ياخشى ئۇخلىدىم. مەن ئاغرىپ قالغان مەزگىلدە ئوقۇتقۇچىلىرىم ماڭا ھەمراھ بولدى، مەن بىلەن مۇڭداشتى، ماڭا تاماق يېگۈزۈپ قويدى، مەن ئۆزۈمنى باللىق دەۋرىمگە قايتىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم، يېقىن كىشىلىرىمنىڭ ماڭا بولغان كۆيۈنۈشىنى ھېس قىلدىم.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، مەن دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى تىرىشىپ ئۆگەندىم، يەنە ھۆسن تۈزەش، تىرناق ياساش تېخنىكىسىنى ئۆگەندىم. ھازىر، مەن دۆلەت ئورتاق تىلدا خېرىدارلار بىلەن راۋان سۆزلىشەلەيدىغان بولدۇم، دۇكاننىڭ سودىسى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولۇۋاتىدۇ.

مېنىڭ ھازىرقى يېگىتىم ئىلگىرىكى ئېرىم، ئۇ ماڭا قايتىدىن تەلەپ قويدى، ئۇ مېنى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پۈتۈنلەي ياخشى ئۆزگىرىپ كېتىپسىز، دېدى. ئۇ ھەر كۈنى مەندىن ھال ـ ئەھۋال سورايدۇ، دۇكاندا ئىش ئالدىراش بولۇپ كەتكەندە يەنە ماڭا تاماق ئەكېلىپ بېرىدۇ، مەن ئۆزۈمنى بەك بەختلىك ھېس قىلدىم. بۇ قېتىم مەن بۇنى چوقۇم قەدىرلەيمەن.

راستىنى ئېيتسام، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى ئائىلەمنى ۋەيران قىلدى، بەختلىك تۇرمۇشۇمنى ۋەيران قىلدى. ئىلگىرى مەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياشاپتىكەنمەن، ھازىرقى تۇرمۇشۇم ناھايىتى رەڭدار. تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى ئاچتىم، ھەر كۈنى سىرتقا چىقىشتىن بۇرۇن، چىرايلىق ياسىنىمەن، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ، خۇشال كەيپىياتتا ئىشقا بارىمەن. ئۆزى ئىشلەپ پۇل تېپىش تولىمۇ ياخشى ئىكەن، كۆپچىلىك مېنى بەك چىرايلىق بولۇپ كەتتى، ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشىنىدىغان بولدى، دېيىشتى.

بۈگۈنكى كۈندە، مەن ھەر قېتىم مال كىرگۈزگەندە ئەڭ ئاۋۋال ئىنتايىن چىرايلىق كىيىملەرنى تاللايمەن، دۇكىنىمغا كەلگەن ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ، چىرايلىق گىرىم قىلىپ، ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا چىرايلىق ياسىنىپ، ھەر بىر كۈننى ياخشى ئۆتكۈزسە ئىكەن دەيمەن.

**(مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا رەتلىگەن)**

# 2019 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.2% ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىشقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلىدى. شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەكشى، مۇقىم يۈرۈشۈپ، ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەردە مۇۋاپىق ئارىلىق ساقلىنىپ، تىپىك ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش پۇختا ئالغا سىلجىتىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتا يېڭى ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلۈپ، تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى.

2019 ـ يىلى، شىنجاڭدا 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 178 مىليارد 175 مىليون يۈەن بولۇپ، 5.3% ئاشتى؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 479 مىليارد 550 مىليون يۈەن بولۇپ 3.7% ئاشتى؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 701 مىليارد 986 مىليون يۈەن بولۇپ 8.1% ئاشتى.

ئۆتكەن بىر يىلدا، شىنجاڭنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى مۇقىم قايتا ئاشتى، جابدۇق ياسىمىچىلىقى ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق ياسىمىچىلىق كەسپىگە سېلىنغان مەبلەغ تېز ئاشتى، تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى(دېھقان ئائىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)نىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 27.7 پىرسەنت پوئېنت ئاشتى؛ ئىستېمال بازىرى مۇقىملىق ئاساسىدا ئۆرلەپ، پۈتۈن يىلدا شىنجاڭدا جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 336 مىليارد 161 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5.5% ئاشتى، يېڭىچە ئىستېمالنىڭ ئېشىشى بىر قەدەر تېز بولدى، پۈتۈن يىلدا شىنجاڭ ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ توردا پارچە سېتىش سوممىسى 20 مىليارد 200 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 26.5% ئاشتى، شىنجاڭدىكى يەرلىك ئىستېمالچىلارنىڭ توردا مال سېتىۋېلىش سوممىسى 99 مىليارد 10 مىليون يۈەن بولۇپ، 35.9% ئېشىپ، شىنجاڭدىكى جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 29.5% نى ئىگىلىدى.

2019 ـ يىلى، شىنجاڭ ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال باھاسى (CPI) ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.9% ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسى (2.9%)دىن بىر پىرسەنت پوئېنت تۆۋەن بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە (31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەرنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە رەتكە تىزغاندا) 31 ـ ئورۇندا تۇردى.

پۇقرالارنىڭ «ھەمبىنى» تېخىمۇ تومپايدى. 2019 ـ يىلى شىنجاڭدىكى بارلىق ئاھالىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 23 مىڭ 103 يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 7.5% ئاشتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، 5.5% ئەمەلىي ئاشتى؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇقىم بولدى، شەھەر ـ بازارلاردا 480 مىڭ 900 ئادەم يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچىدىن 2 مىليون 860 مىڭ ئادەم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ پۈتۈن يىلدا 645 مىڭ نامرات ئاھالە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 976 نامرات كەنت نامراتلىقتىن چېكىندى، 12 نامرات ناھىيە قالپىقىنى تاشلىدى، نامراتلىقنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 1.2% كە تۆۋەنلىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، 4 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ئىقتىسادنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالى ۋە دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسى بېكىتكەن ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش يىللىق ھېسابلاش ئۇسۇلىغا ئاساسەن، 2018 ـ يىللىق شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى 2018 ـ يىللىق شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان نەتىجىدىن بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئەڭ ئاخىردا 1 تىرىليون 280 مىليارد 939 مىليون يۈەن بولدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)